# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي

9

پەيشەنبە

维吾尔文 1 月9日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com ‏24935 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى

**—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا**

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيەمىز 90 مىليوندىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسى، 4 مىليون 600 مىڭدىن كۆپرەك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىغا ئىگە پارتىيە، 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەتتە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى، پارتىيەنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئەزەلدىن مۇھىم، زور ئىش بولۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بەلگىلەپ كەلگەن.

«بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى.» «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، لىن خۇي)** «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغ ئىشلىرىنى پۈتتۈشتە، جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي تۈگىتىپ، پارتىيەنىڭ تېنىدە پەيدا بولغان بارلىق زەھەرلىك ئۆسمىنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ بولغان، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان بارلىق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. پۈتۈن پارتىيە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن يىغىنغا قاتناشتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا چىقىرىلغان مۇھىم، زور تەدبىر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، ئەتراپلىق تەشكىللىدى. بۇلتۇر 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، باش تېما تەربىيەسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، نۆۋەتتە ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار پائال ئاتلاندى، خەلق ئاممىسى قىزغىن قوللىدى، پۈتۈن باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن، پۇختا، ئىخچام بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، مۇھىم، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلايدىغان، بۇرچنى زىممىگە ئالىدىغان ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە تۈرتكە بولۇپ، ئامما ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى پائال ھەل قىلىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيەنى يېتىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىش، پارتىيەنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر قىسىم ئامىللارنى تۈگەتتى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى بولۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى بىرلىكى، سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، ھەرىكەت جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ «تۆت ئۇلۇغ»نى بىرتۇتاش ئىگىلەش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن، ئىستىل جەھەتتىن كۈچلۈك سەپەرۋەر قىلدى. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ، 3 ـ بەتكە بېرىلدى)**

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە ھەر قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى، يېڭى تەجرىبىلەر توپلاندى. بىرىنچى، دىققەت باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسىي لىنىيە چىڭ كۆزلىنىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش باش تېما، ئاساسىي لىنىيە، ئومۇمىي تەلەپنى زىچ چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىش ئايرىۋېتىش مەسىلىسىنى يېڭىپ، پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيەدە دىققەت چېچىلىپ كەتمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئىككىنچى، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەپ، «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار» ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق «مۇتلەق كۆپ سانلىقلار»نى يېتەكلەپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پىلانلاپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۈچىنچى، ئورگانىك يۇغۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىش تۇتاشتۇرۇلۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيەنىڭ ئومۇمىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. تۆتىنچى، مەسىلىلەر چىڭ كۆزلىنىپ، دەل جايىدا تۈزىتىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرمۇبىر، تۈرمۇتۈر ئالغا سىلجىتىلىپ، مەسىلە ھەل بولمىغۇچە بوشاشماي، ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولمىغۇچە قويۇۋەتمەي، ئامما ئېتىراپ قىلمىغۇچە بولدى قىلماي،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



**1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېيڭ فوتوسى**

### باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي يېڭى مۇساپىنى باشلاش بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ قايتا ئاتلىنىش

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «پۈتۈن پارتىيە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ قىلغان مۇھىم سۆزدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئۇنتۇماسلىقىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلغىلى، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغاندىلا، كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيەنىڭ قالتىس تارىخىدىن ئەسلىي مەقسەتنى ئىزدەپ، بۇرچنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەتنى تاۋلاپ، بۇرچنى چۈشىنىپ،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاۋ جيېيۈن، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسى جۇ خەيلۇن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 كىشى، قاتناشقىنى 474 كىشى، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر يىلدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايوننىڭ بەش نىزامنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، 22 يەرلىك نىزامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ توققۇز قانۇن ـ نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، 18 مەخسۇس خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، قاراپ چىقتى، ئىككى قېتىم مەخسۇس تېمىلىق سۈرۈشتۈرۈشنى تەشكىللىدى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 2 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاۋ جيېيۈن، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 2 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۈەنگو، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۈن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى. شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

## سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 10 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 10 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېت خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى(لايىھە)،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团